1987
يىل
فېۋرال
№3(245)
باھاسى
2 تىيىن

ياشىسۇن ئازاتلىق، دوستلۇق ۋە تىنچى
تەملىككە يول ئاچقان سوۋېتلەر ئېلى!

بىزنىڭ ۋەتەن

چەت ئەللەردىكى ۋەتەنداشلار
بىلەن مەدەنىي ئالاقە باغلاش
قازاق «ۋەتەن» جەمىيىتىنىڭ
گېزىتى

گېزىت 1976- يىلى دېكابىردىن چىقىۋاتىدۇ.

ھەل قىلغۇچى پەيت

بۈگۈن ئىنسانىيەت ئالدىدا ھايات- مامات مەسىلىسى تۇرىدۇ. چۈنكى يەر يۈزىدە يادرو قۇراللىرىنىڭ ئىنتايىن كۆپ زاپاسى توپلانغان. ئەگەر ئادەمزات بۇ زاپاسنى ئۆز ۋاقتىدا يوقاتمىسا، سەييارىمىزدىكى ھاياتلىق ھالاكەتكە ئۇچرىشى مۇمكىن. مۇتەخەسسىسلەر بىلەن ئالىملارنىڭ دەلىللەپ كۆرستىشىگە قارىغاندا ھالاكەتكە ئۇچراپ قېلىش ئۈچۈن يادرو قۇرالىنىڭ بىر كىنوپكىسىنى بېسىپ قېلىشىنىڭ ئۆزىلا كۇپايە قىلىدىكەن. شۇنىڭغا قارىماي، بۇنداق پاجەنى يادرو ئۇرۇشى يەر يۈزىنىڭ مەلۇم قىسمىدا بولۇشى مۇمكىن دەپ ھېساپلايدىغان ياكى «يۇلتۇزلار ئۇرۇشىنى» تەييارلاۋاتقان تەلۋىلەر قىلىشى مۇمكىن.

ئىستىقبال يولى- يادرو قۇرالدىن تولۇق ۋە پۈتۈنلەي باش تارتىش يولى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى بارلىق يادرو قۇرالىغا ئىگە مەملىكەتلەرنى دەل موشۇ يولدا مېڭىشقا تەكلىپ قىلىۋاتىدۇ. س س س ر يەر يۈزىنى 21- ئەسىرگىچە ئاتوم ئۇرۇشى دەھشىتىدىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ قولدىن كېلىدىغان ئەق پروگراممىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئەڭ ئالدى بىلەن كۆچەپ قۇراللىنىشنى توختىتىش زۆرۈر، بۇ مەخسەتكە يادرو سىنىغىنىڭ بارلىق تۈرىنى توختاتقاندىلا يېتىش مۇمكىن. سوۋېت ھۆكۈمىتى ھەقىقەتەن تېچلىق سۆيەرلىگىنى ئەمەلىيەتتە كۆرستىپ، 1985 - يىلى 6- ئاۋغۇستتىن باشلاپ يادرو سىنىغىنى بىر تەرەپلىمە توختىتىپ قويغانلىغىنى جاكالىدى، قوشما شتاتلارنىمۇ شۇنداق قىلىشقا چاقىردى.

لېكىن ۋاشىنگتون مەمۇرىيىتى بۇ ئەقىلانە چارىنى قوبۇللاش خاھىشىنى بىلدۈرمىدى، شەمەي تەۋەسىدىكى سوۋېت پولىگونىدا تېچلىق ئورنىغان ۋاقىت ئارىلىغىدا ئامېرىكىنىڭ نېۋادا شتاتىدا 24 قېتىم يادرو سىنىغى ئۆتكۈزۈلدى. يادرو قۇرالىنى سىناش جەريانىدا ئاۋش مۇداپىئە تەشەببۇسى دەپ ئاتىلىدىغان نەرسىگە (يەنى جاماەتچىلىك ئېيتىپ ژۈرگەندەك «يۇلتۇزلار ئۇرۇشى» پروگراممىسىغا) مۇۋاپىق كوسموس ۋە يەردىكى نۇختىلارنى قارىغا ئالىدىغان قۇراللارنىڭ يېڭى تۈرلىرىنى ياسىماقتا. ئۇمۇمەن ئالغاندا ئاۋشنىڭ يادرو سىناقلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭكىدىن ئۈچتىن بىر ھەسسە كۆپ ئۆتكۈزۈلدى.

سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ يادرو سىنىغىنى بىر تەرەپلىمە توختىتىش ھەققىدە 1986- يىلنىڭ ئاخىرىدا ئېلان قىلغان باياناتىدا كۆرستىلگىنىدەك، يادرو سىنىغىنى بۇنداق بىر تەرەپلىمە توختىتىش س س س ر ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ بىخەتەرلىگىگە خېلە دەرىجىدە دەخلى يەتكۈزىدىغان ئەھۋال پەيدا قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ چەكسىز سەۋىرچانلىق قىلمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يېڭى يىلدا ئامېرىكا يادرو سىنىغىنى يەنە ئۆتكۈزگەن كۈنى س س س رنىڭ بىر تەرەپلىمە توختىتىش مۇددىتىگە چەك قويۇلغان كۈن بولىدۇ، بۇنى ئالاھىدە تەكىتلەش كېرەك. چۈنكى موراتورىينى ئەمەلدە توختىتىش قوشما شتاتلار مەمۇرىيىتىگە باغلىق. سوۋېت ھۆكۈمىتى موراتورىينى يادرو قۇراللىنى سىناق قىلىشنى توختىتىش ئىشىدىكى ھېلىمۇ ئەھمىيەتلىك چارە دەپ قارايدىغانلىغىنى ئاتاپ ئۆتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە سوۋېت ھۆكۈمىتى ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا مۇمكىن بولىدىغان ئىككى تەرەپلىمىلىك- سوۋېت- ئامېرىكا ۋە كۆپ تەرەپلىمىلىك ئۇمۇمىي چارىلارنى تەكلىپ قىلدى، موشۇ چارىلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشقا كەڭ يول ئاچقان بولار ئىدى.

كېيىنكى ۋاقىتتا قوشما شتاتلارنىڭ پەقەت 20 قېتىملىق پارتلاشنى رەسمىي ئېلان قىلغانلىغى، 4 قېتىملىق پارتلاشنى بولسا سوۋېت ئالىملىرىنىڭ ئىنىقلاپ بىلگەنلىگى ئامېرىكا تەرەپنىڭ يادرو سىناقلىرى توختىتىلغانلىغىنى نازارەت قىلىشنىڭ قىيىنلىغى ھەققىدىكى سەۋەپ كۆرستىشلىرىنىڭ ئاساسسىز ئىكەنلىگىنى كۆرسەتتى.

سوۋېت ئىتتىپاقى ئىزگۈ نىيىتىنى بىر يېرىم يىلغا سوزۇلغان موراتورىيىي ئارقىلىق پۈتكۈل دۇنيا ئالدىدا ئېنىق دەلىللىدى، موراتورىي خەلىق ئارا ھاياتتىكى يېڭى، ئەقىلانە ئوي- پىكىرنىڭ ئۈلگىسى بولدى. ئۇ كۆچەپ قۇراللىنىشقا چەك قويۇش مۇمكىنلىگىنى ئېنىق كۆرستىپ بەردى. ئۇ ئۆزىنىڭ تېخى نېمىنى تاللىشىنى تېخىچە ئېنىقلاپ ئالمىغانلارغا ئىشەشلىك يونۇلۇشتۇر. شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ تەشەببۇس تېچلىقنى قوغدىغۇچىلارنىڭ بارغانسېرى ئۆلغىيىۋاتقان سېپىگە يېڭى كۈچ، يېڭى ئىلھام بەخش ئېتىدۇ.

بىز مەڭگۈ تېچلىق بولۇشىنى خالايمىز.

قىسقا خەۋەرلەر

«دوستلۇق» پويىزى

يېقىندا بولشېنارىم رايونى سېلونوۋكا ئوتتۇرا مەكتىۋىنىڭ 19 ژۇقۇرى سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى «دوستلۇق» پويىزى بىلەن ئوتتۇرا ئازىيە جۇمھۇرىيەتلىرىدە سەياھەتتە بولۇپ قايتتى. ئۇلار ئالمۇتا، تاشكەنت، سەمەرقەنت، ئورگەنچ، بۇخارا شەھەرلىرىدە بولۇپ، قېرىنداش خەلقلەرنىڭ مەدەنىيىتى ۋە سەنئىتى بىلەن تونۇشتى. تارىخىي، ئىنقىلاۋىي ئەنئەنىلەرگە باي خاتىرىلىك ئورۇنلارنى كۆردى.

يول خىراجىتىنى ئوقۇغۇچىلار ئۆز ئەمگىگى بەدىلىگە تاپقان ئىدى. ئۇلار ياز پەسلىدە ئەمگەك ۋە دەم ئېلىش لاگېرلىرىدا بولۇپ، ياكىيۇ، قىزىلچا ئۆستەردى. 27 گېكتار كوكتاتنى كۈتۈمگە ئالدى. بۇنىڭ ئۈچۈن كۈزدە كولخوز مەكتەپ ھېساۋىغا 2،600 سوم ئاقچا بەردى. مانا ئەندى بولسا كولخوز ئوقۇغۇچىلارغا يەنە غەمخورلۇق قىلىپ، سەياھەتكە يوللانما ئېلىپ بەردى.

ژۇقۇرى سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كولخوزلارغا ياردەم قىلىشى كۆپتىن بېرى ئەنئەنىگە ئايلانغان.

«ماناسنىڭ» مەزمۇنى

قىرغىزستان «ئىلىم» نەشرىياتىدىن دۇنياغا داڭلىق «ماناس» ئېپوسىنىڭ پىروزا شەكلى بىلەن بايان قىلىنغان بىرىنچى كىتاۋى يورۇققا چىقتى. «ماناسنىڭ» بۇ نۇسخىسى ئاتاقلىق جىرچىلار ساغىمباي ئورازباق ئوغلى بىلەن ساياقباي قارالاي ئوغلىنىڭ ۋارىيانتلىرى بويىچە تۈزۈلگەن.

كىتاپتا ماناسنىڭ تۇغۇلۇشى، باللىق دەۋرى، دەسلەپكى جەڭلەردە دۈشمەنلىرىنى يېڭىپ، ئۆز ئېلى بىلەن يېرىگە ئىگە بولۇشى، ئۆيلىنىشى، دۈشمەنگە قارشى زور ژۇرۇشلىرى، باتۇرنىڭ ئۆلۈمى قاتارلىق ۋاقىئەلەر كىرگۈزۈلگەن.

«ماناسنىڭ» پىروزا شەكلىدە تۈزۈلگەن بۇ نۇسخىسىنى بەلگۈلۈك قىرغىز فولكلورچىسى سامار مۇساييۇ تەييارلىغان.

ئەمگەكچىلەر بىلەن ئۇچرىشىش

يېقىندا ئالمۇتا تېرە- گالانتېرىيە فابرىكىسىنىڭ 2- سېخىدا شائىر د. ياسىنوۋ، د. ستامبېكوۋلار ئۆز شېئىرلىرىنى ئوقۇپ بەرسە، پىروزائىك- تەرجىمان ئى. گۈلۈبېۋ قازاقستان ئەدەبىياتچىلار ئۆيى خادىملىرىنىڭ ئىشى توغرىلىق قىسقىچە سۆزلەپ بەردى. شائىر، تەرجىمانلار شۇنداقلا ئۆزلىرىنىڭ كېلەچەك پىلانلىرى ۋە ئۇلۇق ئوكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلاۋىنىڭ 70 يىللىغىنى قانداق ئىجادىي ئۇتۇقلىرى بىلەن كۈتۈۋالىدىغانلىغى ھەققىدىمۇ سۆزلەپ بەردى، شائىر ۋە يازغۇچىلارنىڭ ئەمگەكچىلەر بىلەن ئۇچرىشىشى ئۇلارغا چوڭ ئىلھام بەرگەن. كېلەچەكتە مۇنداق ئۇچرىشىشلارنى پات- پات ئۆتكۈزۈپ تۇرۇش پىلانلانماقتا.

قاجىمۇقان نامى بىلەن

قازاقستان س س س ر مىنىستىرلار سوۋېتىنىڭ قارارى بويىچە سېلىنوگراد ئوبلۇسى مەركىزىدىكى «ئېنېرگىيە» ستادىونى خەلقىمىزنىڭ سۆيۈملۈك پەرزەندى، ئاتاقلىق پالۋان قاجىمۇقان مۇڭايتپاسوۋ نامى بىلەن ئاتىلىدۇ.

بۇ، ئەلۋەتتە، تەسادىپىي ئەمەس، قاجىمۇقان مۇڭايتپاسوۋ سېلىنوگراد ئوبلۇسىدا، يەنى ئىلگەركى ئوبلۇس تەۋەسىدىكى ئاقمولا ئۆيېزىگە قاراشلىق سارىتېرېك بولۇسىدا دۇنياغا كەلگەن. ئوبلۇس مەركىزىدىكى چوڭ ستادىونىڭ پالۋان نامى بىلەن ئاتىلىشى ژۇتداشلىرىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ھەقىقىي مۇھەببىتىنىڭ ئېنىق بىر كۆرۈنىشىدۇر.

سۈرەتتە: قازاقستاندا يېڭىدىن كۆپلەپ سانائەت شەھەرلىرى قەد كۆتەرمەكتە. ئەينە شۇنداق شەھەرلەرنىڭ بىرى- شېۋچېنكونىڭ كەچكى مەنزىرىسى.

ئېتىز يۇلتۇزى

ئادەملەر ھەر بىر يېڭى ئاتقان تاڭنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتىدۇ. چۈنكى ھەر بىر تاڭ ئۇلارغا يېڭى ئارزۇ، يېڭى خوشاللىقلار ھەدىيە قىلىدۇ. تاڭ بىلەن تەڭ تۇرۇپ، ئېتىزدا ئەمگەك قىلىدىغان دېخان قىزى رەخمەنىڭ يېزىسى- چوڭ چېغاندىمۇ خوشاللىق ۋاقەلەر كوپ.

ئۇلۇق ئوكتەبرنىڭ 66 يىللىق بەيرىمى نىشانلىنىۋاتقان كۈنلەردە رەخمە ۋە چوڭ چېغانلىقلار ئەنتەنىسگە يەنە بىر ئەنتەنە قوشۇلدى. شۇ كۈنى ئەتىگەندە رادىو، گېزىتلار ئارقىلىق ئېلىمىز بويلاپ يەنە بىر خۇش خەۋەر تارالدى. بۇنى ئاڭلىغان ئېگىلىك رەھبەرلىرى، ژۇت چوڭلىرى دەررۇ چوڭ چېغانغا- رەخمەلەرنىڭ ئويىگە قاراپ يول ئالدى. ئويىگە كىرىپ كېلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئۈزلىرىدە خوشاللىق

ئالامەتلىرى جىلۋىلىنەتتى. رەخمە ئۇلارغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى.

— خوش خەۋەر، رەخمە!

— سۆيۈنچە ...

— سىزنى تەبرىكلەيمىز!— تەرەپ - تەرەپتىن مۇشۇنداق سەممىي ئاۋازلار ياڭرىدى. مېھمانلار رەخمە مۇزەپپەرۇۋانى بۈگۈنكى شانلىق بەيرەم ۋە ئۇنىڭغا بېرىلگەن س س س ر دولەت مۇكاپىتىنىڭ لائۇرىياتى نامى بىلەن قىزغىن تەبرىكلەشتى. چوڭ چېغاندا يەنە بىر يۇلتۇز پارلىدى. بۇ ئېتىز يۇلتۇزى- رەخمە ئېدى. شۇ كۈن رەخمەگە ئوقۇغۇچىلار، مۇئەللىملەر، دېخانلار دەستە- دەستە گۈللەر تۇتتى. قانداق تەسىرلىك دەقىقىلەر، شۇ پەيتتە رەخمەنىڭ قوي كوزلىرىدە ياش تامچىلىرى مولدۇرلىدى. بۇ بۈگۈنكى بەختلىك ھاياتنىڭ، پىداكارلىق ئەمگىگىنىڭ خوشاللىق ياشلىرى ئېدى. دېخان ئويلىرى بىر مەھەل ژىراق ئوتمۇشكە كەتتى.

... رەخمەلەرمۇ ئۇرغۇن قېرىنداشلىرىمىزغا ئوخشاش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاۋتونوم رايونىدىن سوۋېت دىيارىغا كوچۈپ چىققان ئائىلىلەرنىڭ بىرى ئېدى. ئۇلارنى مېھماندوست، قەلبى كەڭ چوڭ چېغان يېزىسىنىڭ ئاھالىسى ئىسسىق قۇچاقلىرىنى ئېچىپ قارشى ئالدى، خالىس ياردەملىرىنى كورسەتتى.

بۇ يېزىغا ئورۇنلىشىپ كوپ ئوتمەي رەخمە ئوزى سويۈپ، تاللاۋالغان دېخان كەتمىنىنى قولغا ئالدى. ئۇ يىللىرى رايوننىڭ باشقا ئېگىلىكلىرىگە ئوخشاش مەزكۇر كولخوزدىمۇ كومۇقوناق زىرائىتىنىڭ مەيدانىنى كەڭەيتىش ۋە ئۇنىڭ ھوسۇلدارلىغىنى كوتىرىش چارىلىرى كورۇلۇۋاتاتتى. «ئېتىز مەلىكىسى» ئاتالغان كومۇقوناق ئونىمۇ ئوزىگە مەپتۇن قىلىۋالدى. بىر كۈنى چىمەنلىكتە ھادىق ئېلىۋاتقىنىدا، دوستى ژۈينو باشلىغى ئادالەت كومۇقوناق غوزاقلىرىغا زوقلىنىپ قاراپ:

— رەخمە، سېنىڭمۇ ئەندى ژۈينو باشقۇرىدىغان ۋاقتىڭ يەتتى. تەجربە توپلىدىڭ. بۇ توغرىلىق ئويلىنىپ كورگىن،- دەپ ئىللىق كۈلۈمسىرىدى. رەخمە توغرىسىنى ئېيتتى:

ئادەملەرگە رەھبەرلىك قىلىش دوستۇم، قولۇمدىن كەلمەيدۇ، ئۇنىڭدىن كورە ژۈينو ئەزاسى بولۇپ ئىشلەۋەرگىنىم ئەۋزەلمىكىن؟

— ھەممىمىز دەسلەپ شۇنداق ئەندىشىدە بولغان ئېدۇق. لېكىن تاپشۇرۇلغان جاۋابكەرلىك ۋەزىپە ئىشلەشنىمۇ، باشقۇرۇشنىمۇ ئۈگىتىدىكەن.

ئىككى دوست ئارىسىدىكى گەپ شۇنىڭ بىلەن ئاياقلاشقان ئېدى. لېكىن ئادالەتنىڭ ئېيتقىنى كەلدى. شۇ يىلى كۈزدە كېلەر يىلى كومۇقوناق تېرىلىدىغان يەرلەر كەڭەيتىلىپ يېڭى ژۈينولارنى قۇرۇش لازىم بولدى. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئوتكۈزۈلگەن كولخوز باشقارمىسىنىڭ مەجلىسىدە كولخوز رەئىسى ژۈينو يېتەكچىلىگىگە رەخمەنىڭ نامزادىنى كورسەتتى. ۋە ئۇنىڭ نامىغا ئىللىق سوزلەرنى ئېيتتى. بۇ تەكلىپنى ئاڭلىغان رەخمە هوددىسىدىن چىقالارمەنمۇ، دېگەن تەشۋىش بىلەن سەل تارتىنسىمۇ ئۇنىڭ ئورۇنسىز ئېكەنلىگىنى سېزىپ:

— كۈچىمىزنىڭ يېتىشچە ئىشلەپ كورەيلى،- دېدى ئۇ. شۇنداق قىلىپ رەخمە مۇزەپپەرۇۋا يېڭى قۇرۇلغان ژۈينولارنىڭ بىرىگە يېتەكچى بولۇپ تەيىنلەندى. دېخان ئۈچۈن تېخىمۇ تىرىشچانلىق، ئىجادىي ئەمگەك قىلىش كۈنلىرى باشلىنىپ كەتتى.

شۇنىڭدىن بۇيان چارەك ئەسىر ۋاقىت ئوتتى. ئوزىگە بەكىتىلىپ بېرىلگەن كومۇقوناق شاڭلىرىدىن ژۇقۇرى، ھەتتا رېكوردلۇق ھوسۇل ئالدى. ئاتاپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ژۈينوسى 55 گېكتار مەيداندىكى كومۇقوناقنىڭ ھەر گېكتارىدىن 106 سېنتنېر ئورنىغا 140 سېنتنېردىن قۇرۇق دان ئالدى. رەخمەنىڭ قولغا كەلتۈرۈۋاتقان ژۇقۇرى كورسەتكۈچلىرىگە ئۇزۇندىن بېرى سۇچى بولۇپ ئىشلەۋاتقان يولدىشى كەنجىنىڭمۇ قوشۇۋاتقان ئۈلۈشى چوڭ.

پىداكارلىق ئەمگەك رەخمە مۇزەپپەرۇۋاغا شان- شوھرەت، چوڭ ئىشەنچە ئېلىپ كەلدى. ئۇنىڭ كوكرىگى ھازىر ئوردېن ۋە مېداللار بىلەن بېزەلگەن. رەخمە رايونلۇق سوۋېتنىڭ دېپۇتاتى سۈپىتىدىمۇ نۇرغۇن ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرماقتا. ئۇنىڭ تەشەببۇسى بىلەن كولخوز يېزىلىرىدا كوپلىگەن تۇرۇشلۇق ئويلەر، مەدەنىي-مەئىشىي خىزمەت بىنالىرى سېلىنىپ، پايدىلىنىشقا بېرىلدى. يېزا ئاھالىسىغا خىزمەت كورسىتىش ياخشىلاندى.

مەن دېخان ھەققىدە ئويلىدىم، دېخان بىلەن دالا- ئېتىزلىرى ھەر قاچان ئويغاق بۇ كۈنلەردە ئېتىزلىققا قار توختىتىش ئىشىگە جىددىي كىرىشكەن رەخمەنى ۋە ئۇنىڭ ژۈينوسىدىكىلەرنى دالادىن تاپىسىز. بۇ يەنە كېلەر يىلقى مول ھوسۇلنىڭ غېمى.

دان تاغلىرىنى يارىتىۋاتقان دېخان ئەمگىگىدىن تەسىرلەنگەن ھالدا، تالانتلىق ئۇيغۇر شائىرى خېلىل ھەمرايېۋنىڭ «دېخان» پوئېمىسىدىكى مونۇ مىسرالارنى ئەسلىدىم:

... دېخان دېسەم- نانىنىڭ ھىدى گۈپۈلدەر،
دېخان دېسەم- قۇياش تەپتى ھوپۇلدەر.
چۈنكى دېخان يەر باغرىغا جان بېرىپ،
كەڭ دالانىڭ ژۈرىگى بوپ دۇپۇلدەر.

شائىرغا ئىلھام بېغىشلىغان مەردانا دېخانلارنىڭ بىرى ئېتىز يۇلتۇزى رەخمە مۇزەپپەرۇۋادۇر.

ئابدۇكېرىم تۇدىياروۋ.
پانفىلوۋ رايونى.

ئاداشتۇرماس قىبلەنامە

ھاياتتا ئۇچرايدىغان كامچىلىق ۋە خاتالىقلارنىڭ سەۋەۋى مىللىي ئايرىمچىلىقتا ئەمەس. بىر مىللەت ياخشى، باشقا بىر مىللەت يامان بولمايدۇ. مەسىلە ئادەمنىڭ مىللىتىدە ئەمەس، ئۇنىڭ ئوزىدە، دۇنيا قارىشىدا، گراژدانلىق، ئادەمگەرچىلىك، ئەقىل- پاراسەت، مىجەز- خۇلقىدا. ئوزەمچىل، تامەگەر، ئوراقسىز، جېدەلخور ئادەملەر ھەر قانداق مىللەت ئارىسىدىمۇ ئۇچرىشىشى مۇمكىن. باشقا مىللەت ۋەكىلىگە ياتسىراپ قاراپ، كوڭلىگە ياقمىغان بىرەر ئادىتىنى كورسە ئۇنى زاڭلىق قىلىدىغان ئادەملەرمۇ ئۇچرايدۇ. بۇنى ئۇنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ توۋەنلىگى، ئەقىل- پاراستى بىلەن دۇنيا قارىشىدىكى يېتىشسىزلىكنىڭ كورىنىشى دەپ باھالاش كېرەك. ئادەمنى ئادەم بىلەن يېقىنلاشتۇرىدىغان ۋاستە نېمە؟ ئۇ ھاياتقا كوز قاراشنىڭ بىرلىگى، دۇنيا قارىشىنىڭ ئوخشاشلىغى، كەسپى بىلەن تىرىكچىلىگىنىڭ مەخسىتىنىڭ ئومۇملىغىدۇر. مىللەتكە ۋە باشقا سەۋەپلەرگە قاراپ بولۇنۇش، ھېچ كىمگە، ھېچ بىر مىللەتكە ۋاپا قىلمايدۇ. يارىلىشتىلا ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ، مىللەت بىلەن مىللەتنىڭ پەرقى، ئارتۇقچىلىغى بار دەپ قارىغۇچىلار خاتالىشىدۇ. ئادەم بىلەن ئادەم، مىللەت بىلەن مىللەت ئارىسىدا پەرقلەر، ئالاھىدىلىكلەر، رەڭگى- رويىدا، تىلىدا، ئورپى- ئادىتىدە، ئەنئەنىسىدە، خۇلاسىلاپ ئېيتقاندا مىللىي خۇسۇسىيەت بىلەن پسىخولوگىيەسىدە ئۇچرىشىدۇ. تۇغۇلغان، ئوسكەن مۇھىتىگە، يەر شارائىتىگە، تەبىئىتىگە، كەسپىگە مۇناسىۋەتلىك مىجەز خۇلقىدا، خۇي- پەيلىدە ھەر خىل دەرىجىدە يامان ئىللەتلەر بولۇشىمۇ ئېھتىمال. بىراق ئۇنىڭ ھېچ قايسى بىر ئادەمنىڭ ئىككىنچى ئادەمدىن، بىر مىللەتنىڭ ئىككىنچى مىللەتتىن ئارتۇقچىلىغى ھەققىدە پىكىر قىلىشقا ئاساس بولالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەقىقىي كوممۇنىستىك پوزىتسىيەدىكى ياشلارنى مىللىتىگە قاراپ ئاللاشتىن خالىي بولۇش كېرەك. كوممۇنىستلار ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ تونۇشىشى، تېپىشىشى، چۈشىنىشى، بىللە ياشاپ، ئەمگەك قىلىشى، بىللە كۈرىشىشى پەقەت باراۋەرلىك ئاساسىدا، مۇرات- مەخسەتلىرىنىڭ ئورتاقلىغى ئاساسىدا ئەمەلگە ئاشىدۇ، دەپ قارايدۇ. ھېچ كىمنى، ھېچ قاچان ئاداشتۇرماس قىبلەنامە ئەينە شۇدۇر.

ساپار بايجانوۋ،
يازغۇچى.

ئات- ژىگىت قانتى

بەيگە، توي دېسە خوشال بولمايدىغان ئادەم يوق. ئۇيغۇرلارنىڭ، قازاقلارنىڭ ئارىسىدا ئاتنىڭ يايلىدا ئويناپ ئوسكەن، ئۇنىڭ سىرلىرىنى بەش قولدەك بىلىدىغان ئاتچىلار، ماھىر چەۋەندازلار ئاز ئەمەس.

سەكسەن ئىككى ياشلىق رەھىت دايىرباييۋ ئەينە شۇنداق كىشىلەرنىڭ بىرى.

— ئات- خاسىيەتلىك جانۋار،- دەپ ھاياجان بىلەن سوزلەيدۇ ئۇ. - ياخشى ئاتنى كورگەندە ھېمىشەم، كوڭلۈم يايراپ، قايتا ياشانغاندەك بولىمەن. دادام دايىرباي ئومرىنى ئات بېقىپ ئوتكەزگەن ئادەم ئېدى. مەن باللىغىمدىن ئىلقىغا ئىچىكىشىپ ئوستۇم. ياخشى ئات ئادەمنىڭ كوڭلىنى كوتىرىپ، ژۇتنىڭ داڭقىنى چىقىرىدۇ. مەن 12 ياشقا تولغاندا قىزىر تورە ساز دېگەن يەردە 200 ئوي تىكتۇرۇپ، دادىسى مامىربېكنىڭ ژىل نەزىرىنى بەردى. 500 ئات قاتناشقان بەيگە ئويۇشتۇرۇلۇپ، باش بەيگىگە 9 كالا ئاتاپ قويۇلدى.

ئەينە شۇ ژىل نەزىردە مەن بىزنىڭ ئويىنىڭ قىزىل ئېتىنى مىنىپ، بەيگىدىن بىرىنچى بولۇپ كېلىپ، ئاۋۇلىمىزنىڭ ئاتىغىنى پۈتكۈل ئايماققا تونۇتتۇم. قىزىل ئېتىمىز «سىبان- قىزىل» ئاتىلىپ، ئەل ئاغزىغا ئېلىندى. «سىبان- قىزىل» بىلەن ئۇنىڭ 7-8 ييشىدىن تاكى 20 يېشىغىچە سان- ساناقسىز نەزىر، تويلاردا بىرىنچىلىكنى قولدىن بەرمىدىم.

«سىبان- قىزىلنى» دەسلەپ تاغىمىز دىلداباي بەيگىگە تەييارلاپ ژۈردى. ژۈگرۈك ئاتلارنىڭ سىرىنى بىلىۋالغاندىن كېيىن ئاتنى ئوزەم تەييارلايدىغان بولدۇم.

رەھىت ئاقساقالنىڭ سوزى ئەندى ئات سىرىغا كوچتى.

— دىلداباي ئاتلارنى ناھايىتى ياخشى بىلىدىغان ئادەم ئېدى،- دېدى ئۇ.- قانداق ئاتنىڭ بەيگىگە يارايدىغانلىغىنى، قايسىنىڭ ئۇزۇن مۇساپىگە، قايسىنىڭ قىسقا مۇساپىگە ژۈگرەيدىغانلىغىنى بىر قاراپلا بايقاتتى. ئاتنىڭ بەدەن قۇرۇلۇشىغا قاراپلا ئۇنىڭ نېمىگە قابىل ئېكەنلىگىنى ئېيتىپ بېرەلەتتى. ئاتلارنى بەيگىگە قوشۇشتىن ئون كۈنچە بۇرۇن ژۈگرىتىپ، ئىچىنى تازىلاش كېرەك. بەيگىگە چۈشىدىغان كۈنى كۈن چىقماستا كوك ئوتقا ئوتلۇتۇپ، ئازىراق يەم يېگۈزۈپ بىر ئاز سۇ ئىچىرىش كېرەك. بۇنداق ئاتلار ئۇزۇنغا ژۈگرەلەيدۇ. - دەتتى. سەمىرمەيمۇ، ئورۇقلىمايمۇ ئوزىنى دايىم بىر قېلىپتا تۇتىدىغان ئاتلار ئۇچقۇر كېلىدۇ، يېقىنغا چاپىدۇ. ئۇلارغىمۇ بەيگە بولىدىغان ئاڭ سەھەرلىگى ئازغىنا سۇ بېرىپ، سەل ئوتلىتىش لازىم.

ئىچ مېيىدىن ئايرىلمىغان «توق قېزى» ئات ژۈگرەلمەيدۇ. ئۇلارنى 10-15 كۈن ئاز- ئازدىن ژۈگرىتىپ، تەرلەتكەندىن كېيىن بىر ھەپتە قويۇپ بېرىپ، بىر ھەپتە يەنە ئاستا ژۈگەرتىش كېرەك.

رەھىت ئاقساقال يېشى 70تىن ئاشقاندا «نارىن» سوۋخوزىنىڭ ئاتاقلىق «كوك يورغىسىنى» مىنىپ، يورغا مۇسابىقىسىدا، رايونلۇق چوپان تويىدا تورت قېتىم بىرىنچىلىكنى ئالدى. قانچە- قانچە بەيگىلەردە ھەممىنى ھەيران قالدۇرغان بۇ پېشقەدەم چەۋەنداز ھازىرمۇ تېتىك، سالامەتلىگى ياخشى. ئۇ 75 ياشقا كىرگىچە «نارىن» سوۋخوزىنىڭ ئىلقىسىنى باقتى. بۇ ساھادا كوپلىگەن شاگىرتلارنى يېتىشتۈردى. رەھىت ژۇت قەدىرلەيدىغان، ياش ئەۋلاتلار ئۈلگە ئالىدىغان موتىۋەر قېرىلىرىمىزنىڭ بىرى، ئۇ ئوزىنىڭ ئىلقا بېقىشتىكى، چەۋەندازلىقتىكى باي تەجرىبىسىنى ياشلارغا ئۈگىتىشتىن چارچىمايدۇ.

سايلاۋبېك جاقىپوۋ.
شەمەي ئوبلۇسى.



سۈرەتتە: نارىنقول رايونى، كالىنىن نامىدىكى سوۋخوز مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى- چەۋەنداز ن. دامازانوۋ.

يالقۇنلۇق ژىللار كويچىسى

ئومەر مۇھەممەدىي سوۋېت ئۇيغۇر ئە-
دەبىياتى تارىخىدا ئوچمەس ئىز، ئەدەبىي مىراس قالدۇرغان شائىر، ئەدىپ، ئىدى.

ئومەر مۇھەممەدىي توقا ئوغلى 1906- ژىلى ئالمۇتا ئوبلوسىنىڭ ئەمگەكچىقازاق رايونىغا قاراشلىق يېڭىشەر يېزىسىدا كەمبەغەل ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. كىچىكىدىنلا تۇرمۇشنىڭ زەرداۋىنى چەككەن ئومەر ئۇلۇغ ئوكتەبىر ئىنقىلاۋى غالىبىيىتى تۈپەيلى مىللىيونلىغان ياشلار ئوخشاش بىلىم ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى.

شائىر 1920- ژىلى ئالمۇتا شەھىرىدىكى تاتار مەكتىۋىگە كىرىپ تەلىم ئالدۇ. 1922- ژىلى تاشكەنتتە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۈچۈن ئېچىلغان بىلىم دەرگاھىدا ئوقۇيدۇ. تاشكەنتتە ئوقۇپ ژۈرگەن چاغلىرىدا ئومەرنىڭ شېئىرلىرى تاشكەنتتە چىققان «قىزىل ئوقۇغۇچى» ناملىق ستۇدېنتلارنىڭ ژۇرنىلىدا يورۇققا چىقىپ كوپ مىللەتلىك ستۇدېنتلار كوللېكتىۋىنىڭ دىققىتىنى ئوزىگە جەلىپ قىلىشقا باشلىدى. مانا شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ ئومەر ئىجادىدا بۇرۇلۇش ياسالدى. ئومەر ئىجادىنىڭ يۈكسىلىشىگە ھادى تاقتاش، سەئدىرىدىن ئەينىي، ئابدۇللا قادىرىي، ھەمزە، سەكبىن سېيفۇللىن ۋە باشقىلار بەرىكەتلىك تەسىر كورسەتكەن.

ئومەر 1927- ژىلى ئوقۇشىنى تۈگىتىپ، زەرۋات مەكتىۋىگە مۇئەللىملىككە تەيىنلىنىدۇ. شۇ ئوندىن 1928-29- ژىللىرى چېلەكتىكى «ئۈلگىلىك مەكتەپتە» مۇدىر ۋە 1929- ژىلدىن باشلاپ ئومرىنىڭ ئاخىرقى دەملىرىگە قەدەر ياركەنتتىكى پېداگوگىكىلىق ئۇچىلىشىدا مۇئەللىم بولۇپ ئىشلىدى.

پېداگوگىكىلىق ئىش- پائالىيەت بىلەن بىر قاتاردا، ئۇ ئىجادىيەت بىلەنمۇ شۇغۇللاندى. شۇ ژىللىرى ئۇنىڭ ژۈرگىرى ئەدەبىي مەزمۇندىكى شېئىرلىرى مەتبۇئاتتا تېز- تېز چىقىشقا باشلىدى.

سوۋېت ئېلىدىكى ھايات تەرزى، يېڭى تۈزۈمنىڭ مۇۋاپىقىيەتلىرى مىللىيونلىغان ئاممىنىڭ ئاڭ- سەۋىيىسىگە چوڭ تەسىر يەتكۈزدى. بۇ ئۇلۇغ ئوزگىرىشلەر ئومەر ئىجادىدا بۇرۇلۇش ياسىدى. ئۇنىڭ ئىجادىدا ئىز قالدۇردى. مانا شۇ چوڭ تەقىقات ئۇنىڭ «ئومەر تولدى» شېئىرىدا ئوچۇق ئىپادىلەندى.

ساراڭ ئومەر تولدى ئەندى ...
ئۇزاقتىن ئەندى.
مېنىڭ بەگۋاش ئويلىرىمنى،
تاگدا چېلىنغان گۈدۇك يەڭدى.
ساراڭ ئومەرنىڭ ئورنىغا
«پاك مەيدىلىك»
يېڭى ئومەر بولۇپ ئوغۇلدۇم،
قىزىل كوگۇلمۇك ئۈگىت چىقتى،
توشقان قوغلاپ ئوسكەن ئوغۇلدىن.

ئومەر شېئىرىيىتىدە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئاساسىي ماۋزۇنى ئىگىلەيدۇ. ئۇ شۇ يېڭى زاماننىڭ ئىلغار قەھرىمانى مەردانە كىشىسىنى تەسۋىرلىدى.

ئۇزىنىڭ ياڭراق ئاۋازى بىلەن زامانغا ھەمنەپەس بولغان شائىر ئومەر ئوزىنىڭ «تاڭ ئاخشىلىرى» ناملىق شېئىرىدا ئەسىرلەر بويى ئۇيقىدا ياتقان چوللەرنىڭ يېڭى تېخنىكىنىڭ كېلىشى بىلەن ئۇۋالاشقانلىقىنى چوڭقۇر ھاياجان بىلەن ئىسپاتلىدى:

قارىغىلار،
زاۋوتتا تۇرماق،
ئېتىزدىمۇ بېنزىن پۇرايدۇ،
كىممۇ «سەت» دەر بىزنىڭ يەرنى،
ئېلىمىز چوڭ ئاخشىلىرى بىلەن چاقىلدايدۇ.
شۇگلاشقا مىللىيوننى كۆتۈرمىز
ھەر بىر تامچە ئاققان تەردىن.

ۋەتىنىمىزنىڭ پەن- تېخنىكا ساھاسىدىكى يېتىشكەن ئۇلۇغ غالىبىيەتلىرى ئومەرگە ئىلھام بەخش ئەتتى. شۇگلاشقا ئۇ سوۋېت مەملىكىتىدىكى بۇ ئۇلۇغ ئوزگىرىشلەرنى جوشقۇن ئىلھام ۋە ئىپتىخارلىنىش بىلەن كۈيلىدى.

شائىر ئومەر ئوز شېئرىيىتى ۋە پروزا ئەسەرلىرى بىلەن ئۇيغۇر سوۋېت ئەدەبىياتىدا سوتسىيالىستىك رېئالىزم مېتودىنى ئورنىتىشتا تىنماي ئەمگەك قىلىپ، چوڭ ئىجادىيەت ئەمۇنىلىرىنى بەرگەن ئەدىپ ئىدى. شۇنداقلا، ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ تەرەققىياتىغا چوڭ ھەسسە قوشقان پېداگوگ ئىدى. ئۇ ئوزىنىڭ بارلىق كۈچ- غەيرىتىنى، تالماس ئىرادىسىنى، تالانت- ئىستېداتىنى ئۇيغۇر سوۋېت ئەدەبىياتىنىڭ رەۋناقى ئۈچۈن سەرىپ قىلغان يالقۇنلۇق تالانت ئىگىسى ئىدى.

ئومەر ھاياتتا بارى- يوقى 25 باھارنىڭ ئۈزىنى كورگەن ئەۋقىران ياش غۇنچە دەۋرىدە، 1931- ژىلى 31- مارتتا مەزگىلسىز دۇنيادىن ئوتتى. ئۇ قىسقا ئومرىدە ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتىغا كورنەكلىك تەسىر كورسىتىپ، يېڭى تۇغۇلغان ئۇيغۇر سوۋېت ئەدەبىياتىنىڭ رىۋاجلىنىشىغا چوڭ ھەسسە قوشتى ۋە ئاساس سالدى.

ئەبەيدۇللا سەيدۇللايېۋ،
قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ ئىلمىي خادىمى.

شائىرغا بېغىشلانغان ئەدەبىي كەچ

يېقىندا قازاقىستان يازغۇچىلار ئىتتىپاقىنىڭ مەجلىس زالىدا جۇمھۇرىيەت ئەدىپلىرى، سەنئەت ئەرباپلىرى، ئەدەبىيات مۇخلىسلىرى، ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى قاتنىشىشىدا سوۋېت ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىلىرىنىڭ بىرى، شائىر ۋە يازغۇچى ئومەر مۇھەممەدىنىڭ تۇغۇلغىنىغا 80 ژىل تولۇشى مۇناسىۋىتى بىلەن ئەدەبىي كەچ ئوتكۈزۈلدى.

تەنتەنىلىك خاتىرە ژىغىنىنى قازاقىستان يازغۇچىلار ئىتتىپاقىنىڭ سېكرېتارى ئەخمەتجان ھاشىرى باشقۇردى.

مەرھۇمنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى توغرىسىدا شائىر ساۋۇتجان مەمەتقۇلوۋ ئومەر مۇھەممەدىنىڭ ئوز شېئىرىدىن ئېلىنغان «ئاز ئېيتتىم، ئازلا ...» ماۋزۇسىدا ئۇتۇق سوزلىدى.

سوزگە چىققان فىلولوگىيە پەنلىرىنىڭ كاندىداتى پاتىگۇل سابىتوۋا بىلەن پېداگوگىكا پەنلىرىنىڭ كاندىداتى بۇۋىخان ئەلاخۇنوۋالار ئومەر مۇھەممەدىي ئەسەرلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك جەمىيەتتە ۋە بۈگۈنكى ئوزگەرتىپ قۇرۇش دەۋرىدىمۇ ئوز ئەھمىيىتىنى يوقاتمىغانلىقىنى تەكىتلەپ ئوتتى.

ئومەر مۇھەممەدىي بىلەن بىللە ئوقۇغان زاماندىشىلىرىنىڭ بىرى- بىيولوگىيە پەنلىرىنىڭ كاندىداتى ئابدۇمېجىت روزىباقىيېۋ، ئوز ۋاقتىدا ئومەر مۇھەممەدىيدىن تەلىم ئالغان پېشقەدەم يازغۇچى زىيا سەمەدىي ۋە ئەمگەك ۋېتېرانى ئەخمەت ئەلىيېۋلار سوزگە چىقىپ، شائىرنى ھورمەت- ئېھتىرام بىلەن تىلغا ئېلىپ، ئەسلەپ ئوتتى.

ژىغىنىنىڭ ئاخىرىدا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى شائىرنىڭ شېئىرلىرىدىن ئۈزۈندىلەر ئوقۇدى. شۇنىڭدەك شائىرلار ئومەر مۇھەممەدىيگە بېغىشلانغان شېئىرلىرىنى ئوقۇپ بەردى.

يۇسۇپ خوجايېۋ.

ئاۋغانىستاندىكى مىللىي ئەپلىشىش ھەققىدە

ئاۋغانىستان ھوكۇمىتى رەھبەرلىرىنىڭ ئېتىشىنى بىر تەرەپلىملىك ئاساستا توختىتىش ۋە تەتۇر ئىنقىلاپچىلارغا قارشى ھەربىي ھەرىكەتلەرنى توختىتىپ تۇرۇش قارارى 15- يانۋار كۈنى ئوز كۈچىگە كىرگەنلىكى ھەممىمىزگە مەلۇم.

بۇ قەدەم جۇمھۇرىيەت ئىنقىلاۋى كېڭىشىنىڭ «ئاۋغانىستاندىكى مىللىي ئەپلىشىش ھەققىدە» دېكلاراتسىيەسى بويىچە تۈزۈلدى. ئەگەر قارشى تەرەپ ئەپلىشىشكە قوشۇلىدىغان بولسا بۇ جەريان يېرىم ژىلغا سوزىلىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ ۋاقىتنىڭ ئۇزارتىلىشى مۇمكىن. ئاۋغانىستان خەلق دېموكراتىيەلىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سەياسىي بيۇروسىنىڭ 13 - يانۋار كۈنى ئوتكەن نۆۋەتتىكى مەجلىسىدە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئوتكەن ئاۋغانىستان مىللىي ۋەتەنپەرۋەرلىك مەيدانىنىڭ ئىككىنچى سېيېزىدا مىللىي ئەپلىشىشكە ۋە ئاۋغانىستان زېمىنىدا تېچلىقنى ئەكسىگە كەلتۈرۈشكە دائىر مەسىلىلەر قارالدى. بۇ باشلانما ئاۋغانىستان خەلقى تەرىپىدىن قىزغىن قوللاپ- قۇۋۋەتلەنگەنلىكى ئاتاپ ئوتۇلدى. ئاۋغانىستان خەلق دېموكراتىيەلىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سەياسىي بيۇروسى بەلگۈلۈك سەۋەپلەر تۈپەيلى چەت ئەللەردە ژۈرگەن ئاۋغانلىقلارنىڭ ئوز ۋەتىنىگە قايتىپ كېلىشى ئۈچۈن ۋە قۇرال- ياراقلىرىنى ئوز ئىختىيارى بىلەن تاشلاش قارارىغا كەلگەن ئادەملەر ئۈچۈن تېگىشلىك ئورگانلارغا مۇۋاپىق شارائىت يارىتىش ھەققىدە يول- يورۇق بەردى.

ئاۋغانىستان ئارمىيەسى باش سەياسىي باشقارمىسىنىڭ باشلىقى زىيارمال سوۋېت ئىتتىپاقىدا چىقىدىغان «ئىزۋېستىيە» گېزىتىنىڭ سوئاللىرىغا بەرگەن جاۋاۋىدا ئاۋغانىستان قۇراللىق كۈچلىرىنىڭ ھەربىي بىتىم ۋاقتىدىكى ۋەزىپىلىرى توغرىلىق ئېيتتى. بۇ ۋاقىتتا، - دېدى ئۇ، قۇراللىق كۈچلەر قىسىملىرى تېچ ۋاقىتتىكىدەك تەرتىپكە كوچۈپ، ئوزلىرىنىڭ تۇراقلىق جايلاشقان ئورۇنلىرىغا قايتىدۇ. دولەت چېگارىسىنى قوغداش، مۇھىم ھەربىي ۋە خەلق ئىگىلىگى كارخانىلىرىنى قوغداش، ژۇك باسقان ئاۋتو كولونىلارنىڭ ھەرىكىتىنى تەمىنلەش قۇراللىق كۈچلەرنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى بولۇپ قالىدۇ. ئاۋغانىستان جەڭچىلىرى ئاھالىنىڭ ۋەيران بولغان ئويلىرى بىلەن، بۇزۇلغان ئېرىقلارنى، مېچىتلىرى بىلەن مەكتەپلەرنى ئەكسىگە كەلتۈرۈشتە، يوللار بىلەن ئېتىزلىقلارنى مىنادىن تازىلاشتا ئۇلارغا ياردەم كورسىتىدۇ.

ھازىر ئولكىلەردە، ۋىلايەتلەردە مىللىي ئەپلىشىش بويىچە كومىسسىيەلەر قۇرۇلۇپ، ئۇلار ئەستايىدىل ئىشلەشكە باشلىدى. كوپلىگەن جايلاردا ھوكۇمەت ئورۇنلىرىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن قۇراللىق توپلار باشچىلىرى ئارىسىدا سوھبەتلەر ئوتمەكتە. بىر قاتار جايلاردا ئۇنۇگۇنكى دۈشمەنلەر خەلق ھوكۇمىتى تەرەپكە ئوز ئىختىيارى بىلەن ئوتۇپ، يېڭى، تېنچ ھايات قۇرۇش ئۈچۈن تۇغۇلغان ژۇتلىرىغا قايتماقتا. دجال ۋىلايىتىدىكى قاراقچىلار توپىنىڭ باشلىقى، قارشى تەرەپ ۋەكىلى ئەمىر مۇخەممەد مۇنداق مەلۇم قىلىدۇ، - ئاۋغانىستان قۇراللىق كۈچلىرىگە قارشىلىق بىلدۈرۈش ھازىرقى كۈندە جىنايەتلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى ھېچ قانداق ئەمەلگە ئاشمايدىغان ئىشقا ئايلاندى. ھوكۇمەت ئەسكەرلىرى ئېتىشنى توختاتقاندىن كېيىن ئەينە شۇ تەلۋىلەرچە ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرغۇچىلار، ئەق ئوز خەلقىگە قارشى ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرغۇچىلار بولۇپ شەرمەندە بولۇشى ۋە بەربات بولۇشى سوزسىز، - دېدى مۇخەممەد.

ئاۋغانىستان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئەھۋالنى ياخشىلاش ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنى ئوز ھېساۋىدىن يېگىلدۈردى. كابۇلدىن ئەپلىشىش چاقىرىقى ئاڭلىنىشى بىلەنلا جاھانگىرلىك تەشۋىقات بىلەن ئۇنىڭ ياللانما قول چوماقلىرى ئاۋغانىستان كوتەرگەن باشلىمىنى ھالسىزلاندۇرۇش ھەرىكىتىنى دەررۇ قولغا ئالدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە مىللىي ئەپلىشىش ھەققىدىكى تەكلىپنى ھېچ كىم خوشاللىق بىلەن قارشى ئېلىۋاتقىنى يوق، ئەكسىچە ئۇنى ئىنكار قىلغانمىش، دېگەن مەزمۇندىكى تەبىرلەر بېرىلگەن ماقالىلار چىقىشقا باشلىدى.

جاھانگىرلار ئاۋغانىستان ھوكۇمىتىنىڭ بۇ سەياسىتىگە تەشۋىقات ۋاستىلىرى بىلەنلا قارشىلىق قىلىپ قالماستىن، بەلكى ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى تەتۇر ئىنقىلاپچىلارغا ھەر ژىلى يېرىم ملليارد دوللارغا يېقىن ئىختىساس ئاجرىتىپ، ئەتراپلىق ياردەم بېرىپ تۇرىدۇ، دەپ ئېلان قىلدى.

جاھانگىرلارنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ سەياسىتى ئاۋغان خەلقىنىڭ ۋە ئازىيە قىتئەسىدىكى باشقىمۇ خەلقلەرنىڭ مەنپىيەتلىرى بىلەن، دۇنيادا تېچلىق مەنپىيەتلىرى بىلەن چىقىشالمايدۇ. شۇڭلاشقىمۇ، ئۇلار تەبىي ھالدا تۇيۇق يولغا كىرىپ قالدۇ.

شىمالىي قازاقىستان ئوبلوسى، «ئارال ئاغاچتىكى» خەلق تېئاترى ئارتىستلىرى.

ئەخمەتجان هاشىرورۋ

يالغۇز ياپۇز

(روماندىن پارچە)

يازغۇچى، دراماتۇرگ ئەخمەتجان هاشىرورۋ سوۋېت ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەرەققىياتىغا كورۇنەرلىك هەسسە قوشۇپ كېلىۋاتقان ئەدىبلەرنىڭ بىرىدۇر. ئۇنىڭ «ياشىغىنىم-ياشىغان»، «كەچمەس كوڭلۇم»، «سولماس گۈل» پوۋېست ۋە هېكايىلەر توپلاملىرى كەڭ كىتابخانلارغا ياخشى تونۇش. دراماتۇرگنىڭ ئۇيغۇر تىياترى سەھنىسىدە قويۇلغان «ئۆلمەس بولۇپ تۇغۇلغانلار»، «مۇقامچىلار»، «دېخان»، «ئەپچىل» قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرىمۇ تىياتر مۇخلىسلىرى تەرىپىدىن قىزغىن قارشى ئېلىندى. يازغۇچى يېقىندا «يالغۇز ياپۇز» ناملىق رومانىنى يېزىپ تاماملاپ «جازۇۋشى» نەشرىياتىغا نەشرگە تاپشۇردى. مەزكۇر ئەسەرنىڭ ئاساسىي ماۋزۇسى چوڭ ئالمۇتا كانالى ۋە بارتوقاي سۇ تومسىسى قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنىڭغا ئىشتىراك قىلغان رۇس، ئۇيغۇر، قازاق ئەمگەكچىلىرىنىڭ جاسارىتى ۋە ئىنتېرناتسونالىلىق دوستلۇغىدىن ئىبارەت.

يازغۇچىنىڭ بەزى ئەسەرلىرى رۇس تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان.

ئە. هاشىرورۋ قازاقستان يازغۇچىلار ئىتتىپاقىنىڭ سېكرېتارى سۈپىتىدە جەمئىيەتلىك ئىشلارغا پائال قاتنىشىپ كەلمەكتە.

بىز تۆۋەندە گېزىتخانلىرىمىزغا يازغۇچىنىڭ يېڭى روماندىن پارچە هاۋالە قىلدۇق.

تۈن پەردىسى قارىيىپ- قارىيىپ بارتوقاي ۋادىسىنى ياپتى. بوستانگۈلنىڭ دىلىدا شېرىن هىس- تۇيغۇلار جۇش ئۇردى. بارات ئاخۇننىڭ كوزىدە هايات نۇرى چاقناش بولدى. ئۇ ئاغرىقىغا چىدالماي تولغىنىپ ئىڭرايدۇ، كۈلۈشتىن ئالمىقاچان قالغان.

ئۇنىڭ كوڭۈل ئارامىنىڭ يوقلۇغىنى، ئوي -پىكرىنىڭ تەشۋىشلىك ئېكەنلىگىنى بوستانگۈل ئالمىقاچان بىلگەن. ئۇ چىراقنى ياقتى.

-ياقما! دېرىزىدىن يۇلتۇزلار چىرايلىق كورۇنىدۇ،- دېدى بارات ئاخۇن ئاستا پىچىرلاپ، -بېرى كەل قېشىمدا يات.

بوستانگۈل كېلىپ ياتتى.

-ئاسماننى كورۇۋاتامسەن؟

- كورۇۋاتىمەن.

- كوك گۈمبەزنىڭ بىر چېتىدىكى بوشلۇقتا ئوزىنى ئۇرۇپ، كىچىككىنە بىر يۇلتۇز پىلدىرلايدۇ، بايقىدىڭمۇ؟

- بايقىدىم.

- ئۇ يالغۇز. ماڭا ئوخشاش ئاغىنىلىرىدىن ئايرىلغان يۇلتۇز. ئۇ ئوزىنىڭ ئۈستىدىكى يۇلتۇزلارغا تەلمۈرسە، مەن يەردىكى يۇلتۇز- ساڭا تەلمۈرىمەن.

- ئەتىدىن باشلاپ مېنى ساپ هاۋاغا ئېچىق. هاپاش قىلامسەن، يوتۇمدىن تۇتۇپ سورەمسەن ئوزەڭ بىل.

بارات ئاخۇن ئايالىغا قاراپ ئوتۇندى، شۇ چاغدا ئۇنىڭ كوز ياشلىرى ئايالىنىڭ ئالقانلىرىغا توكۇلدى.

- مەن سىزگە بارتوقاينىڭ ئەڭ گۈزەل جايلىرىنى كورسىتىمەن.

بوستانگۈل شامالدىمۇ، يامغۇر- يېشىندىمۇ، ئېرىنى هاپاش قىلىپ ژۈردى. جاپاغا چۈشلۇق، تىرىشقىنىغا چۈشلۇق جەمشىت بۇنى كورمىسە. بوستانگۈل جەمشىتنى كورەلمىگەن ئېدى. كورۇش تەشنالىغى قانچە ئاشقانسېرى، بوستانگۈل سەيلىسىنىمۇ توختاتمىدى. ئاغرىق ئېرىنى هارۋۇغا سېلىپ، ساي تەرەپكە چۈشتى. بۇ چاغدا هېلىقى يازدا ئوتكەن سايلىرىنى سۇ بېسىپ كەتكەن ئېكەن. ئايال ماڭغان يولدىن قايتمىدى. ئۇ پۇتلىرىنى يېشىپ ئەڭ ئالدى بىلەن هارۋۇنى دەريانىڭ ئۇ قىرغىقىغا سورەپ ئوتتى. سوغ سۇ ئۇستىخانلىرىدىن ئوتۇپ، تەنلىرىنى مۇزلىتىۋەتتى.

سۇنىڭ سوغى بوستانگۈلنىڭ ئاپپاق پاقالچاقلىرىدىن ئىلىكلىرىگىچە، هەتتا مېيىسىگىچە يەتتى. قىرغاققا چىققاندا، لەۋلىرى تىترەپ، چىشلىرى كاسىلداپ كەتتى ...بۇ دورەن بوستانگۈل جەمشىتنى يەنە كورمىگەن. ئامما ئۇنىڭ بۇ هەركىتىنى بارات ئاخۇن هەقىقىي ئىنسانىڭلا قولىدىن كېلىدىغان ئىش دەپ چۈشەندى. مانا شۇنىڭدىن كېيىنلا بوستانگۈل ئۇ ياق بۇ ياققا ئەركىن چىقالايدىغان بولدى.

قىشچە شۇنچىلىك سورۇن ۋە دەھشەتلىك يەر- بارتوقاي، باهار لىباسى بىلەن ياسانغاندا هەۋەسلىنىپ قارىغىڭ كېلەتتى. بوستانگۈلنىڭ ئوز قولى، كۈچى، پەمى بىلەن تىكىلگەن دەرەق ۋە مېۋە كۆچەتلىرى باهار تۇنىنىڭ ئەملىرىنى بويىغا سىڭدۇرۇپ چېلەك دەرياسىنىڭ شوخ ئاققان هاياتبەخش ئاۋازىدىن ئويغىنىپ، باهار تېڭىنىڭ نۇرلىرىدىن تاۋلىنىپ، چولدەرىگەن مەلە، ئادەملەرگە تولۇپ قالغاندەك سېزىلەتتى. ۋادى ئاستىدىكى سايدا، تاغ قاپتاللىرىدا، دوڭلەردە، سوغ تاشلارنى كومۇپ، خۇددى پاينداز كەبى تۈرلۈك- تۈمەن گۈللەر، كۈن نۇرىدا جىلۋە قىلاتتى. كوزلەرنىڭ يېغىنى يىگەن، سولغان قەلبلەرنى ئىلهامبەخش سويگۈ هىس- تۇيغۇسىغا غەرىق قىلغان گۈللەر بارتوقايغا جان بەرگەن ئېدى. بوستانگۈل ئالتۇن بەيبىشىي سوغا قىلغان ئاق شايە كوينىگىنى، بېشىغا دوپپىنى كىيىپ، ئۇزۇن چاچلىرىنى تالە- تالە قىلىپ ئورۇپ، ئوڭ قۇلىقىغا ئورۇك چېچەكلىرىنى قىستۇرۇپ باغدا ژۈرەتتى. ئۇ ئوز جامالىنى باهارغا قىياس قىلغاندەك، كوكلەمدە كەلگەن مۇهەببەتنى خۇش قارشى ئالدى. بارات ئاخۇن بەهرەمجان ئىككىسى باغدىن ئېرى، دالا گۈللىرى ئارىسىدا بىر-بىرىگە بىر ئېمىلەرنى ئېيتىشىپ، خۇش كوڭۈل ژۈرەتتى. بۇلارغا قاراپ بوستانگۈلنىڭ كوڭلى خاتىرجەم. سېيىت توكو، ئۇرنىسا، قاسقاراۋ، ئالتۇن بەيبىشىي تالادا ئولتىرىپ ساماۋار چېيىنى ئىچمەكتە. ئۇلارمۇ باهار ئاپتۇۋىنى چىرايىغا سىڭدۇرگەندەك ساغلام ۋە يېقىملىق. بەهرەمجان ئويدىن ئويناپ، سەكرەپ چىققان پېتى بوستانگۈلنىڭ كوينىگىنى ئوقۇپ ئارام بەرمىگەن جەرەن بالىسىنى كورۇپ، توپ- توغرا باققا قاراپ ژۈگەردى ۋە كەلگەن پېتى، قولىدىكى بىر سىقىم لەيلىقازاقنى بوينىدىكى ژىپ- ئاغامچىغا ئېسىپ قويدى. جەرەن بالىسى ئەندى كىچىك دوستىنىڭ قولىنى يالىدى. بۇنى كورۇپ ئولتارغان چايچىلار كۈلۈشتى.

- سەن جەرەندىن ئېگىز بولۇپ كېتىپسەنغۇ؟- دېدى بوستانگۈل بالىسىغا خوشال بولۇپ.

- ياق، تېخى ئوسكىنىم يوق. بارتوقاي سېپىغا سۇ توشقاندا ئوسىمەن.

- كىم ئېيتتى، ساڭا؟

- ئوزەڭ ئېيتتىڭغۇ.

بوستانگۈلنىڭ يادىغا چۈشتى.

- مەن ئاكىلىرىمنىڭ قېشىغا ئۈچ قېتىم باردىم. بوۋام، مومام بىلمەيدۇ. كېچە- كۈندۈز ئىشلەيمىز دەپ ۋەدە بەردى. ئاكىلىرىم بىلەن ياخشى تونۇشۇپ قالدىم. قاراساقاللىق ئادىر ئاكام، يالاڭغىداق ئىشلەيدىغان مېرىماخۇن ئاكام، پۇتى ئۇزۇن ۋە يوغان تۇرسۇنتاي بىلەن تونۇشتۇم. جەمشىت ئاكام سايغا سۇ توشىدۇ دېگەن.

ئاپىسى گۈل -چېچەكلەردەك ئېچىلدى، لېكىن ئېنتىزار باغرى نورتەندى، ئوغلىنىڭ شۇ خىل خۇش خەۋىرى تاڭ نۇرىدەك تاۋلانغان ئاق ئۇزلۇك، تۇم قارا كوزلۇك بوستانگۈلنى شادۇ- خورام قىلدى. ياش غۇنچە، ئاپپىسىنىڭ شۇنداق ئوزگەرگەن نەپىس ۋە ئىللىق هوسنى- جامالىنى بايقاپ مۇنچىلىك خوشال بولىدىغان بولسا، ئەشۇ ياخشى ئاكىلىرى، چوڭ دادىلىرى توغرىلىق يەنە خۇش خەۋەر ئەكېلىدۇ. بۇ سېخىرلىق كوزلەرنىڭ سىر مەناسىنى چۈشەنمىگەن بالا، پەقەت يۇمشاق چاچلىرىنى ئوينىشىغا، چېچەكلەر كەبى ياشناپ، كىمدىندۇر ئويۇلۇپ، كىمدىندۇر ئەيمىنىپ، تۇرغان ئاپىسىدىن كوز ئالمىدى.

- ئاپا، ئاپا!- دېدى بەهرەمجان ئۇنىڭ بارماقلىرىدىن تارتىپ.

- سەن نېمىشكە دايىم خۇشخوي ژۈرمەيسەن؟

- خۇشخۇيمەن، بالام،- دېدى ئانا،-سەن ئويناپ ژۈرۈپ بايقىمساڭ كېرەك. سەن كورگىنىڭ توغرىلىق داداڭغا ئېيتما، ماقۇلمۇ؟ داداڭنىڭ ئاچچىغى يامان ...

- جەمشىت ئاكام ئاپاڭنىڭ ئېتى كىم دەپ سورىدى. ئاپامنىڭ ئېتى بوستانگۈل دېدىم. ئۇ مېنىڭ قولۇمدىن يېتىلەپ، قىلىۋاتقان ئىشىنى كورسەتتى. «نەگە ئاپىرسەن؟»- دەپ سورىسام: «بىز قانداق ئىشلەۋاتىمىز، سەن كورگىن» دەپ تاغ ئاستىغا ئەكىرىپ كەتتى. بۇ قورقۇنۇچلۇق ئوڭكۇر ئېكەن. ئۈستى- بېشى پاتقاق، بېشىغا تومۇر بوك كىيىۋالغانلار مېنىڭ بىلەن ئېچىلىق سوراشتى، بىرلىرى پەنجىرەدەك تومۇرلەرنى كويدۇرىۋاتىدۇ. «بۇ ئوڭكۇرنى بەهرەمجان تۈنىل دەيدۇ» دېدى جەمشىت ئاكام. سۇ ئاقىدۇ. ئوڭكۇرنىڭ تېشىغا چىقتۇق. «مونى سۇ بولىدىغان بېتون ئېرىقلار دەيدۇ، سەن كورۇۋاتقان مونۇ ۋادىغا سۇ توشقاندا، هاياتىمىز، تۇرمۇشىمىز باشقىچە بولىدۇ»، دەيدۇ مېنى كوتۇرۇپ ...

-يەنە نېمە دېدى، جەمشىت ئاكاڭ؟- بوستانگۈل ئوغلىنىڭ ئېپىز لېۋىگە لېۋىنى ياقتى.

- زېرىكسەڭ، پات-پات كېلىپ تۇرغىن،- دېدى ئاكام،- بالا ئۇنىڭ كوينىگىنى تارتتى. -هە نېمە؟ ئۇ ئاكام ساڭا بىر نېمە ئېيتمىشى كېرەكمېدى؟ ئەندى بارغىنىمدا سوراپ كورەي.

بوستانگۈل ئۇنى باغرىغا مەككەم بېسىپ:

سورىما!- دېگىنى بىلەن ئۇنىڭ ژۈرىگى هاياجانلاندى. -ئاغزىڭدىن چىقمىسۇن. سەن جەمشىتنى كورمىدىڭ. مېنىڭ گېپىمنى چۈشەندىڭمۇ؟

- چۈشەندىم. ئامما ئۇلار ئىنتايىن ياخشى ئادەملەر،- ئۇ كۈنگە كوزىنى قىسىپ قارىدى.- مانا موشۇ قۇياشتەك ماڭا يېقىملىق، قۇياش كىمنى رەنجىتكەن؟ هېچ كىمنى! مومام، بوۋام ئۇلاردىن بېكاردىن- بېكار رەنجىيدۇ. مەن رەسسام بولىمەن. ئۇلارنىڭ قاپارغان قوللىرىغا ئالتۇن پەلەي كىيگۈزۈپ ياسايمەن. قۇياشنى قۇچاغلىتىپ قويىمەن.

- ئېيتىڭدىن ئايلىناي بالام. ژۈمران ژۈرىگىڭ ئاستىدا شۇنچىلىك ئالىي ئىنسانىي خىسلەتنىڭ بارلىغىغا رازىمەن. ئۇ ئاكىلىرىڭ كەل، دېسە بار.

- هە، سەنچۇ ئاپا؟ بارامسەن؟

- داداڭنى تاشلاپ چىقالمايمەن. مەن بارمىسام، كىم قارايدۇ.

ئىككىسى ئاپپاق چېچەكلىگەن مېۋىلەر ئارىسى بىلەن قول تۇتۇشۇپ بارات ئاخۇنغا قاراپ ماڭدى.

قاسقاراۋ بىلەن سېيىت توكو چىنجىرباي سېپىغا قاراپ قوي- ئوشكىلىرىنى هايدىدى. ئۇلار سايغا بېرىپ ماللىرىنى ئوتلاققا قويۇپ، ئوزلىرى ئاتلىرىدىن چۈشتى-دە مۇڭداشتى.

- كېلىنىڭ سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشىدا ئىشلىسە بولامدۇ،- دېدى قاسقاراۋ.

-ئاكىسىنى كورۇشكە ئەۋەت. ئادەملەرگە ئارىلاشسۇن.

-بۇ يەردە ئىشلىمەيدۇ.

- شېرىنغا ئەكىتەمسەن؟

- ئەكىتىمەن.

قاسقاراۋ ئويلىنىپ تۇردى- دە:

- ئەۋۇ كۈنى سەن ماڭا «كېلىنىم شېرىنغا بارمايمەن» دەۋاتىدۇ، دەپ ئېيتتۇېدىڭغۇ؟

- شۇنداققۇ دېگەن.- سېيىت توكو گېپىنىڭ ئاخىرىنى دەلەلمەي توختاپ قالدى.

-هەممىنى بىلىپ، چۈشىنىپ تۇرۇپ، كوچمەيمەن دەپ ئوزەڭغۇ قارشىلىق بىلدۇرۇۋاتقان.

-مېنىڭ كوچۇش- كوچمىشىمدە تۇرغان هېچ نېمە يوق. ئەزەلدىن هەر بىر ژۇتنىڭ بېغىمۇ، ئاشلىغىمۇ بولغان. شۇ باغ، شۇ ئاشلىق تېرىيدىغان يەرلەر يەتمەمدۇ؟

- مەن موشۇ ئىشنىڭ باشلىنىشىغا خوشالمەن،- سېيىت توكو قاسقاراۋ كوتمىگەن پىكرىنى ئېيتتى.- ئۇيغۇر دېخانلىرى ساڭا ئوخشاشلا بۇلاق سۈيىنى، تاغنى، دەريانى ياخشى كورىدۇ. مېنىڭ ئەجداتلىرىم، ئومۇرۋايەت سۇغا تويماي ئوتكەن. يەر ئۈستىنى كوكەرتىمەن دېگەن دېخان ئۈچۈن، ئېرىقنىڭ سۈيى، بۇلاقنىڭ سۈيى، ئۇستەڭنىڭ سۈيى يەتمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بارتوقايدەك چوڭ سۇ غەزنىلىرىنى ئېچىش، ئۇنىڭ باغرىدىكى سۇلار بىلەن، سۇسىز ياتقان يەرلەرنى كوكەرتىش ئاهايىتى ئوبدان ئىش.

تەھرىر هەيئىتى

بىزنىڭ ئادرېس: 480100. س.س.س.ر، ئالمۇتا شەهرى، پرولېتار كوچىسى 80. تېلېفونلار: 55- 19- 61، 53- 18- 61، 13- 02- 61. ئىندېكس 72877
Бизниң адрес: 480100. СССР, Алма-Ата, ул. Пролетарская 80, Казахское общество «Отан» (Редакция газеты «Биздин Ватан»). Индекс 72877.